ئە: توپ ئويناۋاتىدۇ.

ئا: كىم بىلەن توپ ئويناۋاتىدۇ؟

ئە: ئەخمەتلەر بىلەن.

ئا: قۇدرەتمۇ شۇ يەردىمۇ؟

ئە: بىلمەيمەن.

**يېڭى سۆز-ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| مۇزىكا | Müzik |
| يادلا- | Ezberle - |
| قايتۇر- | İade et - |
| كۆنۈكمە | Alıştırma |
| كىر | Çamaşır |
| تازىلا- | Temizle- |
| ئوچۇق | Açık |
| جىمجىت | Sakin |
| ئاختۇر- | Ara - |
| ئەھۋال | Durum |
| دەم ئال - | Dinlen - |
| توغرۇلۇق | Hakkında |
| چوڭقۇر | Derin |
| مۇنازىرە قىل - | Tartış - |
| پەس | Alçak |
| تېما | Konu |
| ئويلان- | Düşün |



**فونېتىكا**

**1- ئى، ئۇ، ئۈ قاتارلىق سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

بەزى يېپىق بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئى، ئۇ، ئۈ» تاۋۇشلىرى شۇ سۆزلەرگە شەخس قوشۇمچىلىرى - كۆپىنچە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن :

سىڭىل + ىم ← سىڭلىم　　ئورۇن + ۇم ← ئورنۇم

پىكىر + ىمىز ← پىكرىمىز　　پىكىرى +ى ← پىكرى

ئا: سىز نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

ئە: مەن

| |
|---|
| سۆزلەرنى يادلاۋاتىمەن |
| گېزىت كۆرۈۋاتىمەن |
| كىتاب قايتۇرۇۋاتىمەن |
| تېكىستنى تەھلىل قىلىۋاتىمەن |

**تېكىست**

**كۇتۇپخانىدا**

بۈگۈنمۇ ئادىتىم بويىچە كۇتۇپخانىغا دەرس تەكرارلاش ئۈچۈن باردىم. كۇتۇپخانىدا ئوقۇغۇچىلار ئىنتايىن كۆپ. بەزىلىرى ئۆگىنىش قىلىۋاتىدۇ، بەزىلىرى ژورنال ئوقۇۋاتىدۇ، بەزىلىرى كومپيۇتېردىن كىتاب ئاختۇرۇۋاتىدۇ، بەزىلىرى ماقالە يېزىۋاتىدۇ، بەزىلىرى تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتىدۇ، بەزىلىرى رومان ئوقۇۋاتىدۇ، بەزىلىرى پەس ئاۋازدا مەلۇم بىر تېما توغرۇلۇق مۇنازىرە قىلىۋاتىدۇ. بەزىلىرى چوڭقۇر ئويلىنىۋاتىدۇ.

كۇتۇپخانىمىز ئىنتايىن جىمجىت بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە ئۆگىنىش قىلىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن.



II

**سۆھبەت**

ئا: سىنىپ باشلىقى قېنى (قەيەردە)؟

ئە: غەيرەت مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىدا.

ئا: نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

ئە: مۇئەللىم بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ.

ئا: نېمە توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتىدۇ؟

ئە: ساۋاقداشلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالى توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتىدۇ.

ئا: ئەكرەم قېنى؟

ئە: ئۇ مەيداندا.

ئا: ئۇ مەيداندا نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

## ئون ئىككىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشىق

I

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئا : | سەن<br>سىز<br>ئۇ<br>قەيسەر | نېمە | قىلىۋاتىسەن<br>قىلىۋاتىسىز<br>قىلىۋاتىدۇ<br>قىلىۋاتىدۇ | ؟ |
| ئە : | مەن<br>ئۇ<br>قەيسەر | دەرس | تەكرارلاۋاتىمەن<br>تەكرارلاۋاتىدۇ<br>تەكرارلاۋاتىدۇ | . |
| ئا: | سىلەر<br>ئۇلار<br>قەيسەرلەر | نېمە | قىلىۋاتىسىلەر<br>قىلىۋاتىدۇ<br>قىلىۋاتىدۇ | ؟ |
| ئە: | بىز<br>ئۇلار<br>قەيسەرلەر | مۇزىكا | ئاڭلاۋاتىمىز<br>ئاڭلاۋاتىدۇ<br>ئاڭلاۋاتىدۇ | . |
| ئا: | سىلەر<br>ئۇلار<br>قەيسەرلەر | نېمە مۇزىكا | ئاڭلاۋاتىسىلەر<br>ئاڭلاۋاتىدۇ<br>ئاڭلاۋاتىدۇ | ؟ |
| ئە : | بىز<br>ئۇلار<br>قەيسەرلەر | تۈرك مۇزىكىلىرىنى | ئاڭلاۋاتىمىز<br>ئاڭلاۋاتىدۇ<br>ئاڭلاۋاتىدۇ | . |